# تارىخى رەشىدى

(رەبىلى)

# 热西底史

（续编）

# تارىخى رەشىدى

## [illegible] #

/ تارىخى رەشىدىنىڭ ئاخىرىغا داۋاملاشتۇرۇپ يېزىلغان قىسمى /

## گـــۈرخـــان

گۈرخان قاراختايلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئاتىسى " تۇشى " دېگەن جۇرجىت تورىسىدىن قېچىپ كېلىپ تۈركىستاندا تۇرۇپ قالدى. كۆپ خەلق - ئايماقلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى " گۈرخان " / ئۇلۇغ پادىشاھ / دەپ ئاتىدى. بىر - پادىشاھلىق قىلىپ يۈرۈپ ئۆلدى، توققۇز ياشار ئوغلى ئاتا - سىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى، بۇ ھەم گۈرخان دەپ ئاتىلىپ توقسان يىل پادىشاھلىق قىلدى. چىڭگىزخان - خان بولغاندا گۈرخان ئوتتۇز تۆرت ياشتا ئىدى، ئۇنىڭ پادىشاھلىق دەۋر - دىن يىگىرمە بەش يىل ئۆتكەن ئىدى. بۇنىڭ پادىشاھلىق دەۋ - رىدە نايمان تورىسى كۈچلۈك چىڭگىزخاندىن مەغلۇپ بولۇپ تۈر - كىستانغا قېچىپ كەلدى، كۈچلۈكنى پاناھىغا ئېلىپ ئۆز قىزىغا بىر قىزىنى بېرىپ كۈيئوغۇل قىلىۋالدى. كۈچلۈك " تەرسا " / خىرىستىيان / دىنىدا، گۈرخان بۇددا دىنىدا ئىدى. كۈچلۈكنى خىرىستىيانلىقتىن ياندۇرۇپ بۇددىست قىلدى. كۈچلۈك بىر قانچە زامان گۈرخاننىڭ قېشىدا تۇردى، گۈرخان قېرىپ ئاجىزلاشتى، كۈچلۈك گۈرخانغا: نايمان خەلقى ۋە باشقا ھەم ئاتامنىڭ تابىئەلىكى ئەل سەرگەردان ۋە پەرىشان بولماقتا. چىڭگىزخان خىتايغا مەشغۇل. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن بېرىپ ئاتامنىڭ خەلقىنى ئىگىلەپ ئېلىپ

ئۇنۇڭدىن كېيىن خىزمىتىگە مۇزەككەلىرىم دەپ ئىلتىماس قىلدى. گورخان سادىقلىق قىلىپ/ ئالدىنىپ/ كۈشلۈككە رۇخسەت بەردى. ھالبۇكى كۈشلۈك خانمۇ مۇھەممەت خارەزم شاھ كىشى ئەۋەتىپ يولدىن چىقارغان (گورخانغا قارشى ئىسيان قىلىشقا چاقىر- غان) ئىدى. سۇلتان مۇھەممەت خارەزم شاھ گورخانغا ھەر يىللى ئوتتۇز مىڭ " دىنار" (تەخمىنەن بىر دىنار 10 سوملۇق ئال- تۇن) يەنى ئوتتۇز مىڭ ئالتۇن مەبلەغ تۆلەپ تۇراتتى. شۇ چاغ- دىكى سەمەرقەنت پادىشاھى سۇلتان ئوسمان (ئافراسىياپ نەس- لىدىن) بولۇپ ئۇ ھەم گورخانغا سالوم مىقداردا مەبلەغ بېرىپ تابىئە بولۇپ تۇراتتى. خارەزم پادىشاھى مۇھەممەت خارەزم شاھ سۇلتان ئوسمانغا قىزىنى بېرىپ يوغۇل قىلىپ ئىتتىپاق تۈزۈپ گورخانغا قارشى كۆتۈرۈلدى.

گورخاننىڭ پايتەختى بالاساقۇن / بالاساغۇن / بولۇپ بۈيۈك پادىشاھ ئىدى، ئۇ زاماندا تۈركىستاننىڭ پايتەختى بالاساقۇن دائىردى. تارىخچىلار جىمسۇلئەتسايىتا " پايان قىلىنىشچە مۇئەررىخلار بالاساغۇننى " ئالمىلىق " / 1 / دەپ ئاتىغان. گورخاننىڭ ھەرپ تەرەپتىكى مۇزلىرى قوماندانلىرى چىڭگىزخانغا بويسۇندى، دېمەك زەرىيەت شۇندان ئىدى، خارەزم شاھ كۈشلۈككە كىشى ئەۋەتىپ، ئەگەر كۈشلۈك — گورخانغا غەلىبە قىلسا خوجەند دەرياسىغىچە كۈشلۈككە بولسۇن، ئەگەر مەن غالىپ بولسام قەشقەر، خوتەن تاكى ئالمىلىققىچە دەر- ماڭا بولسۇن، دېگەن سۆزلەردە مۇھەممەت خارەزم شاھنىڭ مەكتۇبى كۈشلۈككە يەتىشتى. كۈشلۈك خان گورخانغا - ئاتامنىڭ خەلقى

---

/ 1 / ئالمىلىق — ھازىرقى ئىلىغا يېقىن ئىدىم بىر شەھەر ئىسمى.

« ئوبالىق » ۋە « بەش بالىق » يېرىدە سەرگەردان ، مەن ئۇلارنى تېپىپ بالاي دېگەن ئىلتىماس بىلەن گورخان نىڭ قېشىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كۈچلۈك چېرىك / ئەسكەر / يىغىپ گورخان بىلەن جەڭ قىلدى، بۇ ئۇرۇشتا گورخان غالىپ بولدى، كۈچلۈك خان مەغلۇپ بولدى، سۇلتان مۇھەممەت خارەزم شاھ « ئوترار » دا گورخاننىڭ قوماندانى تايەنگو باشچىلىقىدىكى قوشۇن بىلەن ئۇرۇش قىلىپ مۇھەممەت خارەزم شاھ غالىبىيەت قازاندى، گورخاننىڭ باش قوماندانى تايەنكو يەڭىلىپ مەغلۇبىيەتكە يولۇقۇش بىلەن ھەممىسى پۈتۈن ھالدىكى ئەسكەر پاراكەندە بولدى / چېچىلىپ كەتتى /. كۈچلۈك بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يەنە تېرىشىپ ئەسكەر توپلاپ كېلىپ گورخاننى ھەملە بىلەن مەغلۇپ قىلىپ قارا خىتاي يۇرتىغا « تەڭرىنىڭ تەقدىرى بىلەن » كۈچلۈك ئىگە بولدى، جاھاننىڭ شاھى - چىڭگىزخان خىتاي پادىشاھى ئالتان خاننى ئېلىپ خىتاي مەملىكىتىنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە بېقىندۇردى. جوراس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى « جاموقە ساخان » چىڭگىز خانغا قارشىلىق كۆرسىتىپ كۆپ قەبىلىلەرنى توپلاپ ئۇلۇق قائان چىڭگىزخان بىلەن ئۇرۇش قىلدى. چىڭگىز خان غالىبىيەتكە ئېرىشىپ دەسلەپقى ئىككى نۆۋەتلىك ئۇرۇشتا جاموقە قولغا چۈشۈپ قۇيۇپ بېرىلگەن ئىدى، ئۈچۈنچى نۆۋەتتە يەنە قولغا چۈشتى، بۇ قېتىم جاموقە سىماخاننى ئۆلتۈردى. ئونۇك خەلقى نامايىتى كۆپ ئىدى، لېكىن چىڭگىزخان ئۇلارنى پاراكەندە قىلىپ ئىككى ئىنىسى جوجى، قىسار بىلەن ئوتچىگىن نويانغا ۋە ئوغلى چاغاتاي خانغا ئۇ خەلقنى تەقسىم قىلىپ بەردى، پۈتۈن خىتاي ۋىلايەتلىرى ۋە موڭغۇلىستاننى ساپ قىلىپ ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ / بولۇپ تۈركىستانغا يۈرۈش قىلدى، كۈچلۈك خان بەش بالىق / ئۇرۇمچى / ۋە ئۈچ بالىق يولى بىلەن كۇچارغا كەلدى.

تۇرت يىل كۈچاردا تۇرۇپ ئۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر ۋە خوتەننى ئىشغال قىلدى، مۇسۇلمانلارغا كۆپ زۇلۇم-جەۋر قىلدى. خوتەندە ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئىسلام ئۆلىماسى ئىماملارنى مۇھەممەت ئىمت دىن — شەرىئەتتىن يانغىل دەپ جەددەل قىلىپ ھەر بىرى ئىمام ئالا ئىددىن مۇھەممەت خوتەننى كۈشلۈك بىلەن مۇنازىرە قىلدى. ئىمام ئالا ئىددىن مۇھەممەت خوتەنى غالىپ كەلدى. كۈشلۈك زالىم خەجىل ۋە شەرمەندە بولۇپ ھەر بىرى ئىمامنى تۇتۇپ مەدرىسە نىڭ ئالدىدا ئازاپلاپ / چارمىخ قىلىپ / قويدى. ئىمام ئالا ئىددىن خوتەنى ئىسلام ئەھلىگە نەسىھەت ۋە ۋەسىيەت قىلىپ " سەبىر قىلىڭلار، دۇنيا بەش كۈنلۈك، ئۆتۈپ كېتەر، ئاخىرەتنى يوقاتماڭلار، ھەركىم مۇھەممەت دىنىغا دۈشمەنلىك قىلسا يوقۇلۇدۇ " دېدى. ھەر بىرى ئىمام ئالا ئىددىن باشلىق ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئۆلىمانى شەھىت قىلدى، كۆپ ئۆتمەي چىڭگىزخان كۈشلۈككە قارشى جەتتە نۇياننى ئەۋەتتى، كۈشلۈك قەشقەردە ئىدى، جەتتە نۇياندىن قېچىپ بەدەخشان تەرىپىگە يوردى. كۈشلۈك يول ئېزىقىپ بىر دەرىگە كىرىپ چىقالمىغان يولىنى تاپالماي يۈرگەندە جەتتە نۇيان قوغلاپ كېلىپ سېرىقكولدا كۈشلۈك زالىمنى ئۆلتۈردى، تايمان پادىشاھلىقى ئورۇغى يەر يۈزىدىن يوقالدى؛ " ھەركىم زۇلۇم قىلسا دەۋلىتى زاۋال تاپار ".

قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ھەممە تۈركىستان ۋىلايىتى چىڭگىزخانغا تابىئە بولدى، چىڭگىزخان سۇلتان مۇھەممەت خۇارەزم شاھقا ئەلچى ۋە سودىچى بولۇپ مىڭغا يېقىن كىشىنى ئەۋەتتى، ئوترارنىڭ ( 1 ) قايىرخان ئىسىملىق ھاكىمى بارىنى

---

( 1 ) ئوترار- قەدىم خوقەند خانلىقىدا سىر دەريا بويىدا بىر بازار بولۇپ 44°، 20′ شىمالىي بىلەن 65 شەرقىي سوزۇلغان.
(قاموسى ئەلام 1/62- بەت)

此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

سۇلتان مۇھەممەتنىڭ ئانىسىغا تۇققان ئىدى، چىڭگىزخاننىڭ ئادەملىرىنىڭ مالىدىن تەمە قىلىپ "كاپىرلاردىن بىر تۈركۈم جاسۇسلار كۆپ مال- تەرسە بىلەن كەلدى" دەپ موللىلاردىن بولار ھەققىدە پەتىۋا (ھۆكۈم نامە) ئېلىپ سۇلتان مۇھەممەتكە ئەۋەتتى. سۇلتان مۇھەممەت مەست ئولتۇرۇپ ئىدى، ئويلىمايلا "ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ مال- مۈلكىنى ئالسۇن" دەپ يارلىق قىلدى. بۇ خەۋەر كەلگۈچە قايىرخان ئەلچىلەر بىلەن سودىگەرلەرنى تۇتۇپ رىنداندا خايسالىغۇچە بولاردىن بىر كىشى قېچىپ قۇتۇلۇپ چىڭگىزخانغا خەۋەر قىلدى، ۋاقىئەنى پۈتۈن بايان قىلدى.

## چىڭگىزخاننىڭ سودىگەر ۋە ئەلچىلىرى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن چىڭگىز- خاننىڭ ھەرىكىتى

چىڭگىزخاننىڭ ئەلچى ۋە سودىگەرلىرىنى مۇھەممەت خارەزم شاھنىڭ قىلمىشلىرىنى ئاڭلاپ بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بويىنىغا بەلبېغىنى سېلىپ نالە- زارى قىلىپ يىغلاپ ئۈچ كېچە- كۈندۈز دۆڭدە ياتتى. "تەڭرىدىن مەرھەمەت بولۇپ" چىڭگىزخان دۆڭدىن چۈشتى، خۇشال بولۇپ "تەڭرىم ماڭا غەلىبە بەردى" دەپ چېرىك توپلاپ تۇرۇپ، ئىران تەرىپىگە يۈرۈش قىلىپ تارىخى ھىجرىنىڭ 616- يىلى ئوترارغا كېلىپ قايىرخاننى ئالتە ئاي مۇھاسىرە قىلىپ ئوترارنى ۋە بۇخارا، سەمەرقەنت، بەلخ ۋە سىندە دەرياسىغىچە ئىشغال ئېتىشكە كىرگۈزدى. چىڭگىزخان كىچىك ئوغلى تولوي خاننى قوماندان قىلىپ ئەۋەتىپ خوراساننى ئىشغال قىلدى، چىڭگىزخان بۇ شەھەرلەرنى ئىشغال قىلىش بىلەن خەلقنى قىرغىن قىلدى. خارەزمنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن چىڭگىزخان ئوغۇللىرى جوجىخان، چاغتايخان ۋە ئۆكتاي خاننى ئەۋەت-

گەن ئىدى، بۇ ئۈچ ئوغۇل بىر-بىرىگە قارىماي (ئىتتىپاقسىزلىق)
قىلىپ خارەزمنى ئىشغال قىلىپ چاغاتاي خان، ئۆگتاي خان،
[illegible]
تولۇي خانلار چىڭگىزخاننىڭ ھوزۇرىغا كەلدى، جوچى خان قايتىپ
كەلمەي ئۆز ھوكۈمرانلىق قىلىدىغان يۇرتى بولغان دەشتى قىپچاققا
قايتىپ كەتتى. چىڭگىزخان بەلخنى ئىشغال قىلىپ سىند دەرياسىنىڭ
بويىدىن قايتتى، تولۇي خاننى خۇراسانغا ئەۋەتتى، تولۇي-
خان خۇراسان مەملىكىتىنى ئىشغال قىلىپ چىڭگىزخاننىڭ خىز-
مىتىگە قايتىپ كەلدى. سۇلتان مۇھەممەت خارەزمشاھنىڭ
كىچىك ئوغلى سۇلتان جالالىدىن ئاتىسىغا ئەرز (ئىلتىماس)
قىلىپ "ئى ئۇلۇغ ئاتا، سىزنىڭ شۆھرىتىڭىز دۇنيا تول-
غان، يىگىرمە بىر يىل دۇنيانىڭ يېرىمىغا پادىشاھ بولدىڭىز،
بۇ دۈشمەن كاپىرلاردىن مۇنداق قېچىپ يۈرمەيلى" دېدى. سۇلتان
مۇھەممەت خارەزمشاھ: "ئوغلۇم جالالىدىن، مەن ئاڭلاۋاتقاننى
سىزلەر ئاڭلىمايسىزلار، ھەرقانچە قىلىپ ھازىرلانسام، "ئەي
كاپىرلار بوزۇقلارنى ئۆلتۈرۈڭلار"! دېگەن ئاۋازنى ئاڭلايمەن، بۇ
ئاۋازنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمگە قورقۇنچ چۈشۈپ كېتىدۇ". سۇلتان
جالالىدىن ئاتىسىغا: ئۆز ئاتا ماۋارائۇننەھر قولىدىن كەتتى،
خۇراسان، ئىراق (ئىراق ئەجەم) قولىدىن چىقىپ كەتسۇن، شۇنىڭ
ئۈچۈن بارلىق قوشۇننى توپلاپ ئىراققا بېرىڭ، ھەربىي ئىختى-
يارنى ماڭا بېرىڭ، مەن چىڭگىزخان بىلەن جەڭ قىلاي دېدى.
خارەزمشاھ جالالىدىننىڭ تەكلىپىنى ياراتمىدى، قاچتى، ئەمما
چىچىلغان ئەسكىرىنى توپلاپ سۇلتان جالالىدىن چىڭگىزخان
بىلەن نەچچە قېتىم ئۇرۇش قىلدى، ئۇرۇشلاردا ئۇرۇپ چىڭگىزخان-
سۇلتان جالالىدىننىڭ مەردانە باتۇرلۇقىنى مەدھىيىلىدى. ئۇ ئوغۇل-
لىرى چاغاتاي، ئۆگتاي، تولۇي خانلارغا ئاتىدىن ئوغۇل تۇغۇل-

شۇنداق تۇغۇلىسا دېدى، سۇلتان مۇھەممەت خوارەزم شاھ قېچىپ يۈرۈپ " ئابىسكۇن " /1/ دەرياسىدە ۋاپات بولدى. مۇنداق بىر ئۇلۇغ پادىشاھقا كېپەن قىلىشقا نەرسە تېپىلماي ئۆز تونى /كىيىمى/ بىلەن دەپنە قىلىندى، بۇ دۇنيانىڭ ئىبرەتلىك ئىشىدۇر. ئەقىللىق كىشى ئىبرەت ئالسۇن.

ھىجرى 617 - يىلى سۇلتان جالالىدىن پادىشاھلىقنى تاشلاپ سۇپىلىققا دەم قويۇپ بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن " ئەۋلىيا بولۇپ غايىپ بولۇپ كەتتى " دەپ رىۋايەت قىلىشىدۇ.

چىڭگىزخان ئىران ۋە تۇراندىن خاتىرجەم بولدى، يۇرتىغا قايتتى، چىڭگىزخاننىڭ يۇرتىنى قاراقورۇم كلۇران /1/ دېيتتى. چىڭگىزخان بىلەن تاڭغۇتنىڭ پادىشاھى شىدەرقۇ نەچچە قېتىم ئۇرۇشۇپ يەنە ئەل بولۇپ /بويسۇنۇپ/ تۇراتتى. شىدەرقۇنىڭ ئون بەش يۈزمىڭ /1،500،000/ كىشىسى بار ئىدى، بۇ ئەلچى ئىۋەتىپ ئەل بولدى، شىدەرقۇنىڭ ئەلچىسى بىر ئايلىق مۇھلەت سوراپ قايتىپ كەتتى، بۇ چاغدا چىڭگىزخان كېسەل ئىدى، چىڭگىزخان ئوغۇللىرىغا ۋە قوماندانلىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ " مەن ئۆلسەم يىغا-زارى قىلماي مەخپىي ساقلاڭلار، شىدەرقۇنى ئۆلتۈرۈڭلار! خەلقىنى پاراكەندە قىلىڭلار، ئىشغال قىلىڭلار!" دېدى، چىڭگىزخان ئۆلدى. چىڭگىزخاننىڭ ئۆلگىنىنى مەخپىي تۇتتى، تاڭغۇت پادىشاھى

= = = = = = = = = = = = = = = = = = = = = = = =

/1/ ئابىسكون - خارەزم دېڭىزىدىن ئېقىپ كاسپىي دېڭىزىغا تۆكۈلىدىغان /ئابىكۇن/ دەرياسىنىڭ بوغازىدىكى بىر كىچىك يەر ئىسمى بولۇپ مۇڭغۇللارنىڭ دەھشىتىدىن قاچقان مۇھەممەت خارەزم شاھنىڭ پاناھ ئالغىلى بېرىپ ئۆلگەن يېرىدۇر. ھازىر بۇ يەر سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەن. /قاموس ئەلام 8 - بەت/

شەھەرگە كەلدى، شەھەرنى توتۇپ ئۆلتۈرۈپ ئۇنىڭ ———
1،500،000 ئەسكىرىنى چىڭگىز قوشۇنىغا تارقىتىپ تەخسىم
قىلىۋالدى، چىڭگىزخان ئۆلۈشتىن ئالتە ئاي ئىلگىرى چوڭ
ئوغلى جوجىخان ۋاپات بولغان ئىدى، جوجىخاننىڭ ئور-
نىنى ئۇنىڭ ئوغلى باتۇغا بېرىلدى، جوجىخاننىڭ كۆپ بال-
لىرى قالدى، ئەمما ئۇلارنىڭ مەشھۇرلىرى ئون تۆت نەپەر بولۇپ
/1/ ئوردا، /2/ باتۇ، /3/ بەرگە /4/ بېركىچا، /5/
شىبان، /6/ تانگغۇت، /7/ تۇۋال، /8/ چىلاۋۇن، /9/ سىنگقۇر
/10/ چىمپاي، /11/ مۇھەممەت، /12/ ئۇدۇر، /13/ بوقاتمۇر،
/14/ سىنگكۇم ئىدى. جوجىخان قىرىق ئۈچ ياشتا ۋاپات بولدى.
چىڭگىزخاننىڭ چوڭ خاتۇنى بۇرتەقۇچىن دىن تۆت ئوغلى بولۇپ
ئۇلار جوجى خان، /2/ چاغاتاي، /3/ ئۆكتاي، /4/ تولۇي خان
لاردۇر. بۇ تۆت ئوغۇل چىڭگىز. سەلتەنەتىنىڭ مادارى
/تايانچىلىرى/ ئىدى، بۇلاردىن باشقا يانا ئۈچ ئوغلى بار
ئىدى. ئۇلار كۆلكان، /2/ جاۋۇر، /3/ جورجى. چىڭگىز-
خاننىڭ كېيىنكى ئەخلاقلىشىشىدا ئوغۇللىرىنى يىغىپ
ۋەسىيەت قىلىپ مەندىن كېيىن مۇ مەملىكەتتىن مېۋە يېيىشنى
خاھلىساڭلار ئۆكتاينى مېنىڭ ئورنۇمدا خان قىلىڭلار، ئەگەر قارمۇ-
قارشىلىشىپ، ئىتتىپاقسىزلار بولۇپ قالساڭلار شۇ نەرسىگە ئوخشاشدۇركى
" بېرىلاننىڭ بىر نەچچە بېشى بولۇپ سوغاقتا ھەرقايسى
باش بىر تەرەپكە تارتىپ كېرىشنى تىلەپ نەتىجىدە تىنى سوغۇقتا
= = = = = = = = = = = = = = = = = = = = = = = = =
/1/ قارا قورۇم — كەنلوران — مۆڭغۇل، چىڭگىز دۆلىتىنىڭ پايى
تەختى بولۇپ ھازىر خاراپ بولغان، خەنسۇچە " خورىن " دېيە
لىدۇ، ئورنى ئورخون دەرياسى بويىدا ئىدى. / قاموس ئەلام /

مۇزلاپ ئۆلگەندەك " بولىدۇ " ئەگەر يىلاننىڭ بېشى بىر بو-
لۇپ نەچچە قۇيرۇقى بولسا باش بىر تۆشۈككە كىرىپ ئالسا سوۋ-
غۇقتىن ئامان بولىدۇ " دېدى . چاغاتاي خان ، ئوكتاي خان ، تولۇي
خانلار چىڭگىزخاننىڭ ۋەسىيىتىنى جان دىلى بىلەن قوبۇل قىلدى .

چىڭگىزخان ئۆمرىدە 25 يىل خانلىق قىلدى، ھىجرى تارىخ
نىڭ 549 - توڭگۇز يىلىدا تۇغۇلۇپ 73 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ
ھىجرى 622 - مىلادىنىڭ 1225 - يىلى ئۆلدى ، چىڭگىزخاننىڭ
ئوغۇللىرى ۋە قوماندانلىرى تاڭغۇت پادىشاسى شىدەرقۇنى ئۆل-
تۈرۈپ خەلقىنى ۋەيران قىلىپ جاھانشاھى چىڭگىزخاننىڭ ئىسمادۇ -
قىمنى ئىلىپ يوردى . چىڭگىزخاننىڭ خوتۇنلىرى ۋە مال - مۈلۈك-
لىرى كۆپ ئىدى، جۈملىدىن تۆرت چوڭ خاتۇنى( تۆرت ئوردىدا
تۇرىدىغان تۇتتى، " بۆرخان قالدۇن " دېپ ئاتىلىدىغان يەردە بىر
چىرايلىق دەرەخت تۈۋىدە چىڭگىزخاننىڭ جەسىدىنى دەپنە قىلدى.
يىراقتىن ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ يەر ئاجايىپ زىچ ئورمان- جاڭگال
بولۇپ كەتتىكى ھېچكىشى ئۇ يەرگە بارالمىدى، چىڭگىزخاننىڭ
قەبرىسىمۇ تاپىدى بولۇپ كەتتى .

## ئوكتاي قائان

ئوكتاي قائان چىڭگىزخاننىڭ تەختىمتا چىقتى، ئوكتاي كۆپ
پىچىخىل غەيرەتلىك ئىدى، چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ مەنسەپدار
قوماندانلىرىغا شۇنداق دېدى؛ " ھەركىشىنىڭ ئاۋچىلىققا ھەۋ -
يەسى بولسا جوجىغا خىزمەتكار بولسۇن ، ھەركىشى سىياسەت
ۋەقانۇنغا ئىختىيارى بولسا چاغاتايغا خىزمەتكار بولسۇن ،
ھەركىشىنىڭ ئەيشى - ئىشرەت - كەيىپ - سەپاغا ، مال ، مۈلۈك
خىرىسىغا ئىختىيارى بولسا ئوكتاينىڭ قېشىغا بارسۇن ، ھەر-
كىشىنىڭ قوشۇن باشلاش ۋە يېڭى / دۈشمەن / نى باسىرو ق

قىلىش ئىختىيارى بولسا تولۇيغا خىزمەتكار بولسۇن».
رىۋايەتلەرچە ئۆكتاي خان ھەم كاپىرنى مۇسۇلمانلارغا
ئۈستۈن قويمىدى، چىڭگىزخان ھەم كىشى ھايۋاناتنى بىسمىل
قىلمىسۇن / بوغۇزلاپ سويمىسۇن/ يەنى بوغۇپ ئۇرۇپ
ئۆلتۈرۈپ سويسۇن ياكى باشقا ئۇسۇل بىلەن دەپ يارلىق
چىقارغان ئىدى، بۇ ھال مۇسۇلمانلارغا ئېغىر چېلىق كەلتۈر-
گەن ئىدى، بىر مۇسۇلمان بازاردىن بىر قوي سېتىۋېلىپ ئۆيگە
ماڭدى. بىر «كاپىر» ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى، ئۇنىڭ مەخ-
سىدى مۇسۇلمان ئەلۋەتتە بوقۇينى بوغۇزلايدۇ دەپ مارىدى،
مۇسۇلمان ھويلىسىغا كىرىپ ئىشىكنى بېكىتىپ قارىناققىنا
ئىكەرىپ قويىنى بوغۇزلىدى، ئۇ كاپىر ماراپ تۇرغان تۈڭلۈك-
تىن چۈشۈپ مۇسۇلماننى تۇتۇپ باغلاپ ئۆكتاي قائاننىڭ
قېشىغا ئېلىپ كەلدى، قە بۇ كىشى يارلىققا خىلاپلىق قىلىپ ئىشىكنى
بېكىتىپ قويىنى بوغۇزلىدى دېدى. ئۆكتاي قائان يارلىق قىلىپ
«بۇ تاجىك / مۇسۇلمان / يارلىقنى قوبۇل قىلىپتۇ، تاشقى
قىرى ۋەئىچكىرى ئىككى ئىشىكنى ئېتىپ قويىنى بوغۇزلاپتۇ.
سەن يارلىقنى بۇزۇپ سەن» دەپ ھېلىقى كاپىرنى دارغا-
ئاستۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ پۇل-مالىنى مۇسۇلمانغا ئېلىپ بەردى..
شۇندىن باشلاپ ھەركىشى ئۆز ئۆرپ-رەسمىيەتىچە قوينى
بوغۇزلاپ ياكى قانداق قىلىپ سويسا يەنە بىر كىشى دەخلى قىلمى-
مىسۇن دەپ يارلىق چىقاردى، شۇنىڭدىن ھەممە ئىشلاردا ھەر-
كىمنى ئۆز ئۆرپ-ئادىتىچە ھايات كۆچۈرۈشكە ئەركىن قويۇپ
يارلىق بەردى.

چىڭگىزخاننىڭ مىرىد- سىخلىقىنى ئاڭلاپ ئىسلام
يېرىدىن بىر كىشى مۇھاجىر بولۇپ چىڭگىزخاننىڭ ئوردىسىغا



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

كەلدى، شۇ زاماندا ھەركىشى يالىڭاچ سۇغە چۈشسە ئۇنى ئۆل
تۈرەتتى، بۇ مۇسۇلمان مۇھاجىر يات ئەلگە كەلدىم، بىرغۇسىل
قىلاي / يۇيۇناي / دەپ سۇغا چۈشۈپ تۇراتتى، مۇڭغۇللار
تۇتۇپ بۇ تازىك / مۇسۇلمان / يارلىقنى بۇزۇپ سۇغە چۈشتى،
ئۆلۈمگە لايىق بولدى دەپ ئېلىپ كەلدى، بۇھالدا چاغاتاي خان
ئۆكتاي خانغا يارلىق قوماندانلار بىللە تۇرغان ئىدى، چاغاتاي
خان ۋەباشقىلار مۇھاجىرنى ئۆلتۈرۈشكە پەتىۋا بەردى. ئۆكتاي
قائان بوگۈچ كىچ بولۇپتۇ، ئەتە ھۆكۈم بېرەيلى، بەلكى ئۇنىڭ
بىرجاۋابى ھەم باردۇر دەپ كېچىكتۈرۈپ مەخسۇس بىركىشىگە كېچ
مىسى ئۆكتاي خان بىرخالتا ئالتۇن يارماق / تەڭگە / بىرىپ
ئەمشۇ سۇغا چۈشكەن يەرگە تاشلاپ كەل، ئۇ ئادەم مۇھاجىر
پادىشاھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ئاڭلاپ گەمبىغەلچىلىقتىن قۇتۇ-
لۇشقا بىرسىدە ۋەپ ئېسىتەپ كەلگەن ئىدىم، بۇ يەردە سۇغى-
بىرخالتا پولۇم چۈشۈپ كەتتى، ئۇنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن سۇغە
چۈشكەن ئىدىم دېسۇن " دەپ تاپشۇردى، تاڭ ئاتقاندا چىڭگىز-
خاننىڭ ئوغۇللىرى، ھەممە بەگلىرى يىغىلىپ مۇھاجىرنى ھازىرلاپ
سوراشتۇردى، مۇھاجىر مۇسۇلمان ئەرزە بايان قىلىپ مېن باغ-
دادشەھرىدىن بولىمەن، ئۇلۇق قائاننىڭ سېخىلىقىنى ئاڭ
لاپ كەلگەن ئىدىم، بىرخالتا پولۇم سۇغە چۈشۈپ كەتتى، شۇنى
ئېلىش ئۈچۈن سۇغە كىرىپ ئىدىم دېدى. بۇنى ئاڭلاپ ئۆكتاي
خان ئۇنى كەچۈردى. مۇھاجىر بوشاپ كېچىسى ئۆكتاي قېشىغا كەلدى،
كۆپخوشاللىق بىلدۈردى، ئۆكتاي ئۇنىڭغا يەنە بىرھەميان /كاتە
مال / پول بورونقىغە قوشۇپ ئىنئام قىلدى، دېمەك ئۆكتاي
قائاننىڭ ياخشى ۋە ئەقىلىغا مۇۋاپىق ئىشلىرى كۆپدۇر، مەن
قىسقارتىپ يازدىم. / ئاۋتور /

## چىڭگىزخاننىڭ مەملىكەتلىرىنى
## ئوغۇللىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىشى

چىڭگىزخان ئالەمنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلىپ تۆت چوڭ ئوغلىغا تەقسىم قىلىپ بەردى، بۇ تەقسىماتتا پۈتۈن دەشت قىپچاق / قىپچاق يېرى / روم / ئاناتولى / ، ماۋارائۇننەھر ۋە موڭغۇلىستان چېگرىسىغىچە چوڭ ئوغلى جوجى خانغا بېرىلدى. پۈتۈن موڭغۇلىستان ۋە ئالتان خان يۇرتى، قەدىم نايمان، قارا خىتاي، تۈركىستان ماۋارا ئۇننەھرىنى 2-ئوغلى چاغا-تايغا مەرھەمەت قىلدى / بەردى / . چىڭگىزخاننىڭ ئۆز يۇرتى — قاراقۇرۇم، كېلۇراننى تا ياڭخاننىڭ يۇرتى نايماننى، كالتاي قادانى، بويرۇق خان، نايمان يەرلىرىنى كىچىك ئوغلى ئوكتاي خانغا بەردى، پۈتۈن خىتاي مەملىكىتىنى تولۇي خانغا بەردى.

ئوكتاي خان ئون ئۈچ يىل پادىشاھلىق قىلىپ كىچە-كۈندۈز شاراپ ئىچىپ، ئاكىسى چاغاتاي خان ئىنىسى تولۇي-خانلار ئوكتاي خانغا ئىستايىن ئىتائەت قىلدى، ئۇلار ئۇنى شاراپ-خورلۇقتىن مەنئى قىلىشقا تىرىشالمىدى: بىر پىيالە ئىچەي كۆپ ئىچمەي دەپ تۇرۇۋېلىپ چوڭ ئاياقتا / چوڭ قاچىدا / ئىچتى، ھەرگىز ھوشىغا كەلمەي ئىچەر شاراپنى ئىچتى، ئۇنىڭ ئوغلى كۈيۈك خان تەختتە ئولتۇردى. كۈيۈك خان ھەم بىر يىلدىن كېيىن دۇنيادىن كەتتى، چىڭگىزخاننىڭ ئىمپىراتورلۇق تەختى مەنگۇ خانغا قازارتاپتى. تولۇي خان چىڭگىزخاننىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقتىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بار بولۇپ؛ 1-مەنگۇ خان، 2- قۇبلاي خان، 3- ھولاكۇ خان، 4- ئىرىقبوكا، مەنگۇ خان تەختكە چىقتى، ھەر ئون كىشىدىن ئىككى كىشىنى قىلىپ

قوشۇن تۈزۈپ ئىككى ئىنىسى/ قوبىلاي، ھولاكوخانلار/ غا بۆلۈپ
بەردى، ھەربىر ئىنىسىغا توقسان تۈمەن كىشى ئايرىلدى، چوڭ
ئىنىسى قوبىلاي خان توقسان تۈمەن ئەسكەر بىلەن خىتايغا يۈرۈش
قىلدى، قوبىلاي خان خىتاينى ئىشغال قىلىپ " خان بىلىق " / خان
شەھىرى / نى پايىتەخت قىلىپ ئوتتۇز بەش يىل پادىشاھلىق قىلدى.
يەتمىش يەتتە يىل ئۆمۈر كۆردى، قوبىلاي خاندىن كېيىن نەۋرىسى
تۆمۈر قائان تەختكە چىقتى، بۇنىڭ تەختكە چىققان ۋاقتى يولۋاس
يىلى 649 - ھىجرىيە ئىدى، ھولاكو ئىسىمىكى توقسان تۈمەن ئەسكەر بىلەن ئىرا-
نغا ھۇجۇم قىلىشقا باردى، چىڭگىزخان ئىشغال قىلغان يەرلەرنى قايتا
ئىشغال قىلىپ خوراسان ئىراق ۋە . ئەجەم، ئەرەب، ھەمەدان، موسۇل،
باغداد تا ئەلجەزىرە، مىسىر، سۈرىيە، رومنى ئىشغال قىلدى، يەتتە-
يىل خانلىق قىلىپ 48 يىل ئۆمۈر كۆردى، ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئاباقا-
خان تەختكە چىقتى، ھولاكوخاننىڭ ۋەزىرى سەيپىددىن بىتىكچى
/ يازغۇچى/ نى شەھىت قىلىپ خوجە ئادىل بىلەن سىياھىب دىۋان
/ ئوردا ۋەزىرى / خوجە شەمسىددىن مۇھەممەت جۇۋەينىنى ئومۇمى
ئىشلار ۋەزىرى قىلىپ، ئىنىسى خوجە ئالائىددىن ئاتا ئىمەلىكنى
باغدادقا ھاكىم / ۋالى / قىلىپ بەلگىلىدى، ئاباقا خان ئون يەتتە
يىل پادىشاھلىق قىلدى، ھەممەداندا ۋاپات بولدى، ئۇنىڭ ئىنىسى
تەكۇدار خانلىققا ئولتۇردى، تەكۇدار ئىسلام دىنىنى قوبۇل
قىلدى، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە " سۇلتان ئەھمەت "
دەپ ئىسىم قويدى، ئەھمەت خان ئىككى يىل بەش ئاي خانلىق قىلدى،
ئورغۇن كاپىرلار ۋە ئۆزىنىڭ قوماندانلىرى ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇ-
شىغا قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇنى شەھىت قىلدى، ئارغۇن خان ئاباقا
قاخان ئوغلى تەختكە چىقتى، بۇ تەختكە چىقىپ ھەم مۇسۇلمان
ئوردىغا كەلمىسۇن دەپ يارلىق چىقاردى، ئۇ مۇسۇلمانلارنى

كۆپ دۈشمەن تۇتتى، كۆپ ئۆتمەي يوقالدى، ئىنىسى كانجاتۇ خانلىق تەختىگە چىقتى، غەيرەتلىك پادىشاھ ئىدى، لېكىن جىنسى ھەركەتكە ئامراق بولۇپ ئەركەك ۋە ئاياللىنى پەرق قىلماي جىنسى مۇناسىۋەت قىلاتتى، بۇ سەۋەپلىك بۇنىڭغا ئەرباپلار ۋە خەلق نىڭ باشلىقلىرىنىڭ نەپرىتى قوزغۇلۇپ خانلىقتىن ئېلىپ تاش لاپ ھولاكۇ نىڭ نەۋرىسى / تۇراقاي نىڭ ئوغلى / بايدۇخان نى پادىشاھلىققا چىقاردى، ھەممىسى بۇنىڭغا بويسۇندى.

## غازان خان ئارغۇن خان ئوغلى

غازان خان ئارغۇن خان ئوغلى خوراساندا پادىشاھ ئىدى، ئەمىر نوروز ئارغۇن ئاقا ئوغلى غازان خاننىڭ خىزمىتىدە داۋام قىلاتتى، ئارغۇن ئاقا چىڭگىزخاننىڭ ۋە ئۆكتاي قائاننىڭ زامانىدا ئوتتۇز توققۇز يىل خوراساندا ھاكىم بولغان ئىدى. ئەمىر نوروز ئارغۇن ئاقانىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ مۇسۇلمان ۋە دىيانەتلىك كۆرەشچان كىشى ئىدى، بايدۇ خاننىڭ ئەسكىرى گەرچە ئەسكى باراۋەر كۆپ بولسىمۇ غازان خان نوروز بەگ / ئەمىر نوروز / بىلەن مەسلىھەت قىلىپ كېلىشتى. نوروز بەگ خانغا شۇنداق دېدىكى: ئەگەر غازان خان مۇسۇلمان بولۇپ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام نىڭ دىنىنى قوبۇل قىلسا بايدۇ خان نى يېڭىش نىڭ چارىسىنى بېكىتمەك ماڭا بولسۇن، ئەلۋەتتە بايدۇنى ئالىمىز / مەغلۇپ قىلىمىز /. غازان خان بۇ سۆزنى قوبۇل قىلدى، شەيخ زادە ئىبراھىم شەيخ سەئىددىن ھەمەۋى نى ئېلىپ كېلىپ - نوروز بەگنىڭ تەرغىبى بىلەن غازان خان ئىسلام دىنىغا كىرىپ

مۇسۇلمان بولدى، شۇكۈنى ئۆزىگە " سۇلتان مەھمۇد غازان خان " دەپ ئىسىم قويۇلدى، ئۇ ھەممە خەلقنى ئىسلامغا [illegible]

قىلىپ مۇسۇلمان قىلدى، بۇ شۇنداق دېدى" ئىنتايىن ئەقلى-
سىزلىقتىن ئۇلۇق باشنى ئىگىسىز بۇتقا چالغان / چوقۇنغان/
ئىكەنمەن. ئىبادەت قىلىشقا ئۇلۇق تەڭرىسى لايىق" دوردەپ
ئورگە تابە بارلىق موڭغۇل ئولۇسىنى مۇسۇلمان قىلدى، ئىسلام
ئالىملىرىنى ۋە سەييد (خوجە / ) لارنى ھۆرمەتلىدى، شۇنىڭدىن
كېيىن قوشۇن يىغىپ بايدۇخاننى باستۇردى، پۈتۈن خەلق
سۇلتان مەھمۇد غازان خاننى تەختكە چىقاردى.
شېئىر - قىسسىلەرنى ئوقۇشتى، ئالىملار كىتاپ يازدى، خوجە
رەشىدىددىن پەزلۇللا "جامىئۇتتاۋارىخ" (تارىخلار توپلىمى)
ئىسىملىق تارىخنى مەھمۇد غازان خاننىڭ ئىسمىغا بېغىشلاپ ياز-
دى، / بۇ تارىخنى تارىخى غازانى دەپمۇ ئاتىلىدۇ / دۇنياغا
مەشھۇر بىر تارىخدۇر، غازان خان ئالىم، شائىرلارغا ئىنئام
(موكاپات) لار بېرەتتى. تولۇي خاننىڭ ئەۋلادىدىن / چىڭگىزخان
نەسلىدىن / تۇنجى مۇسۇلمان بولغان كىشى سۇلتان
مەھمۇد غازان خاندۇر، جوجى خان ئەۋلادىدىن مۇسۇلمان بولغىنى
شەيخ سەيپىددىن باخىرزىنىڭ تەربىيىسى بىلەن " بەركە
خان ئىدى،، ئوكتاينىڭ ئەۋلادىدىن مۇسۇلمان بولغىنى نامەلۇم
چاغاتاي ئەۋلادىدىن بەزىسى مۇسۇلمان بولۇپ يەنە كاپىرلىققا
قايتىپ كەتتى، لېكىن تۇغلۇق تۆمۈرخان مولا ئەرشىددىننىڭ
تەربىيىسى بىلەن مۇسۇلمان بولۇپ ئىسلامنى داۋاملاشتۇردى. سۇل-
تان مەھمۇد غازان خان ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىلگىرى
- بەگلەر ۋەزىرلەر قۇرۇلتاي چاقىرىپ ئولجايتۇ سۇلتاننى
خان قىلدى. ئولجايتۇ سۇلتانمۇ مۇسۇلمانچىلىقنى كۈچلەن-
دۈردى. ئادالەت قىلىپ مەملىكەتكە ئاۋات بولدى، ئولجايتۇنى
سۇلتان مۇھەممەت خودابەندە دەپ شۆھرەت قازاندى."

"سۇلتانىيە" دېگەن شەھەرنى بىنا قىلدۇردى. ھەر بىر
بىر ئىشتا ئاكىسى سۇلتان مەھمۇد نازانخاندىن ئېشىپ كەتتى.
ئۇنىڭ كېيىن پادىشاھلىق قىلىپ سۇلتانىيە شەھىرىدە
ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالىي بىر گۈمبەز بىنا قىلدى. ۋاپات بولۇپ
سۇلتانىيىدە دەپنە قىلىندى، مۇندىن ئىلگىرى ئىراقتا
موڭغۇل خانلىرىنىڭ گۆرى مەلۇم ئەمەس ئىدى، خودابەندە
خاننىڭ سۇلتان ئەبۇسەئىد خاندىن باشقا ئوغلى يوق
ئىدى، بۇ ئوغلى خوراساندا ھۆكۈمران ئىدى، سۇلتان مۇھەممەد
خودابەندە كېسەل بولغاندا ئوغلى ئەبۇسەئىدقا كىشى
ئەۋەتتى، لېكىن ئۇ يېتىپ كەلگۈچە خودابەندە سۇلتان
ۋاپات بولدى، سۇلتان ئەبۇسەئىد خان ئون ئۈچ ياشار ۋاقى-
تىدا ئاتىسى ئورنىدا تەختكە ئولتۇردى. خودابەندە گۈزەل
يۈزلۈك، باتۇر، غەيرەتلىك ئىدى، ھەممە كىشىنىڭ دىلىنى
جەلىپ قىلدى. خوجە رەشىدىددىن پەزلۇللانى بۇرۇنقى
ئورنى بىلەن ۋەزىر قىلدى. تولۇي خان ئەۋلادىدا خودابەندە
سۇلتاندىن ياخشى كىشى ئۆتمىدى. سۇلتان ئەبۇسەئىد
باھادۇرغازى خان نىشانىدا / بىر يوقىدا / يېزىشىچە ئون-
توققۇز يىل پۈتۈن ئىران ۋە سۈرىيە، رۇم، / ئاناتولى /،
مىسىر مەملىكەتلىرىگە پادىشاھلىق قىلىپ ھىجرىينىڭ 736 —
/ ساچقان يىلى / ۋاپات بولدى، شۇ يىلى ئەمىر تۆمۈركوراگان
/ تۆمۈرلەڭ / ۋۇجۇتقا كەلدى، خودابەندە سۇلتان ۋاپات بول-
غاندا بىر يىل پۈتۈن ئۇلۇس تەزىيە تۇتتى، خودابەندە
سۇلتاننىڭ ئوغلى يوق ئىدى، ھەر بىر ۋىلايەت بەگلىرى
بىر-بىرىگە بويسۇنماي ئۆز ئالدىغا بولۇپ كەتتى، بۇلارنى
"مۇلۇك تاۋائىپ" (تائىپە-گۇرۇھلار پادىشاھلىقى)